# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 3 - بەتتە)

شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان 50 مىڭ نامرات ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردۇق، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردۇق، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقدىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتۇق، 2020 - يىلى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 98%تىن ئاشتى، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى 99.9%تىن ئاشتى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى مۇستەھكەملەش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 98%تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يەسلىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپ ئىشقا ئاشتى، زامانىۋى كەسپىي مائارىپ سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشى ۋە مىنىستىرلىق - ئاپتونوم رايون ھەمكارلىشىپ قۇرۇش خىزمىتى پۇختا قەدەمدە يولغا قويۇلدى، ئالىي مائارىپنى تۈرگە ئايرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تېز ئالغا سىلجىدى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق، تېببىي دورا - ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ئاممىۋى ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردۇق، يېزا - بازار شىپاخانىلىرى ۋە كەنت سەھىيە ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئۇزاقتىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا باش قېتىنچىلىقى بولۇپ كەلگەن ئۆپكە تۇبېركۇليوز قاتارلىق ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى، بىمارلار داۋالىنىدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باشلامچىلىق بىلەن يېزا نوپۇسىدىكىلەر ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق جايىدىكى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا يېتىپ داۋالانغاندا «ئاۋۋال بالنىتسىدا يېتىش، ئاندىن ھەق تۆلەش»تىن ئىبارەت بىر ئورۇندا راسچوت قىلىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك يېنىكلىدى. پىلانلىق تۇغۇت بويىچە باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھاملىدار - تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاقلار - بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. مەدەنىيەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت، سەنئەت نادىر ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتۇق. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈردۇق، ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق، ئاپتونوم رايونىمىزدا 13 مىليون 110 مىڭ كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.71%كە يەتتى، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسىغا تولۇق قاتناشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردۇق، ئۆزى ئىختىيار قىلغان «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى يىغىپ بېقىش نىسبىتى ۋە يېتىم بالىلارنى يىغىپ بېقىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» (1 - قەرەللىك) قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق، جەمئىي 605 مىڭ ئائىلىنىڭ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، چەت يىراق، ئارقىدا قالغان يېزىلارنى زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدۇق. بىخەتەرلىك ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇردۇق، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتۇق، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم ياخشىلاندى. ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، گۆدەكلەر يەسلىگە كىرەلەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيالايدىغان، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان، بىمارلار داۋالىنالايدىغان، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان، ئۆيسىزلەر ئۆيگە، ئاجىزلار يار - يۆلەككە ئېرىشەلەيدىغان بولۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى.

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇردۇق، بۇ، پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن بەش يىل بولدى.**

بىز قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردۇق، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا قارىتىلغان تەربىيە، مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇشنى پۇختا ياخشى ئىشلىدۇق، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەشۋىق - تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇردۇق، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھەر مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە كۈچەپ تۈرتكە بولدۇق. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 مىليون 120 مىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى 1 مىليون 690 مىڭ ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەندى!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشتە، «بىرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق، بۇ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ، خەلق رازى بولىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان بەش يىل بولدى.**

بىز پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇردۇق، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق قوبۇل قىلدۇق، بەش يىلدا جەمئىي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەۋسىيەسىدىن 2540 نى، سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپىدىن 3066 نى بېجىردۇق. ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا ۋىلايەت، ناھىيەلەردە ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاپ، مەسئۇلىيەت - ۋەزىپىسى ئېنىق، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتتۇق، بەش يىلدا، جەمئىي يەرلىك نىزام لايىھەسىدىن 33نى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندۇق، يەرلىك ھۆكۈمەت قائىدىسىدىن 16نى ئېلان قىلدۇق، ھۆكۈمەت قائىدىسىدىن 46 نى بىكار قىلدۇق، تۈزەتتۇق، مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 1635نى بىكار قىلدۇق. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ئېلان قىلىش، قانۇن ئىجراسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى خاتىرىلەش، مۇھىم، زور قانۇن ئىجرا قىلىش قارارلىرىنى قانۇن - تۈزۈم جەھەتتىن تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق. «بىرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇردۇق، جەمئىي 27 تۈرلۈك تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە بەردۇق، 217 تەستىقلاش تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق، تىزىملىك سىرتىدا تەستىقلىماسلىقنى يولغا قويدۇق، «كۆپ تەستىقنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ قائىدىنى بىرلەشتۈرۈش» «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىۋېتىش» ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇپ، كارخانا قۇرۇش ۋاقتىنى داۋاملىق قىسقارتتۇق، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە تولۇق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتۇق. كارخانا ۋە ئاما ئىش بېجىرىشتە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىرلا قېتىم يول ماڭدۇرۇش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر توردا راۋان بېجىرىش» «ئۆلكىلەر ئارا راۋان بېجىرىش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن توردىكى مەمۇرىيەت مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ئاپتونوم رايوندا مەمۇرىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلدۇق، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشدە تور سىرتىدا «بىرلا ئىشىكتىن كىرىش»، توردا «بىرلا تورغا كىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردۇق، ئۆلكە ئاتلاپ داۋالىنىشتا بىۋاسىتە راسچوت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت كارخانىلىرى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ پۇلى ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نىسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدۇق. كادىرلار ئىستىلىنى سىجىل كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شەكلىۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىققا يانتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق. نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - باھالاش ئىشلىرىنى ئازايتتۇق ۋە قېلىپلاشتۇردۇق، يىغىن ۋە ھۆججەتلەرنى زور دەرىجىدە ئىخچاملاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئۈنۈملۈك يېنىكلەتتۇق. ئاساسىي قاتلامغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمەلىي ئىشلىگەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان، نەتىجە يارىتىدىغان روشەن يېتەكچى يۆنىلىش تۇرغۇزدۇق. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادچىللىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يىغىندىن ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىشنى قاتتىق چەكلەپ، «ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ خىل خىراجىتى»نى زور كۈچ بىلەن ئازايتىپ، بارلىق ئىشلارنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن بېجىرىپ، تىرىشىپ ھەر بىر پۇڭنىمۇ دەل جايىغا ئىشلەتتۇق. ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! بىڭتۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ. بىز «بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» بولۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللىدۇق، بىڭتۈەنگە قانۇن بويىچە 3511 تۈرلۈك مەمۇرىي فۇنكسىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بەردۇق، بىڭتۈەننىڭ شەھەر - بازار تەسىس قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق، بىڭتۈەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قوللىدۇق، بىڭتۈەننىڭ مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردۇق، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق، بىڭتۈەننىڭ ئۈنۈمىرسال ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، بىڭتۈەننىڭ تەرەققىياتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلگە قەدەم قويدى. 2020 - يىلى بىڭتۈەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 290 مىليارد 514 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بەش يىلدا يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.1% ئاشتى، شەھەر - بازار ۋە لىيەن - دۈيلەردە دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5.4% ۋە 10.2% ئاشتى. بىڭتۈەننىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىدە مۇھىم رول ئوينىدى، مۇھىم تۆھپە قوشتى!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى ۋە سەممىي ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن. بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا جەمئىي 76 مىليارد 677 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ياردەم مەبلىغى سېلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 8540 نى يولغا قويدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىلگەن مەبلەغنىڭ 80%دىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشى ساھەسى ۋە ئاساسىي قاتلامغا ئىشلىتىلىپ، زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى تۈرى يولغا قويۇلۇپ، ياردەمگە ئېرىشكەن جايلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى ۋە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. داۋالاش، مائارىپ ئىختىساسلىقلىرى «ئۆمەك شەكلى»دە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىرسال ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردىمى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2020 - يىلى تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇردۇق، ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «3 + 1» نۇقتىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆتكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا «قوش غەلىبە»نى قولغا كەلتۈردۇق! بىز باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، «يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ دائىملىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق سورۇن، نۇقتىلىق ئاپپارات، نۇقتىلىق كىشىلەرگە قارىتا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بارلىق چارە - ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئادەم، ئەشيا، مەبلەغ يۈرۈشۈشىنى راۋانلاشتۇردۇق، دېھقانچىلىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەققىي ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردۇق؛ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ باج كېمەيتىش، ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كېمەيتىلگەن باج، تۆۋەنلىتىلگەن ھەق يىغىندىن جەمئىي 11 مىليارد يۈەن كۆپەيدى، ئوتتۇرا ھال، كىچىك، مىكرو كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەر تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىن مەنپەئەتلەنگەن مەبلەغ 131 مىليارد 730 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلدى؛ مەملىكەت بويىچە باشلامچىلىق بىلەن دەرس باشلاپ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەكتەپ ئىچىدە يۇقۇم كۆرۈلمەسلىك، يۇقۇملانماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردۇق؛ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى، تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا يولغا قويۇپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئالاھىدە كىشىلەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ غەم - ئەندىشىسى، كۆڭۈل ئارامسىزلىقى، باش قېتىنچىلىقىنى ھەققىي ھەل قىلدۇق. ئاھالە ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، 4 - پەسلىدە بىر يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ، 4.6% كە تىزگىنلەندى.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! ئۆتكەن بەش يىلغا نەزەر سالساق، نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاسانغا چۈشمىدى، بۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، مەركىز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركىز كارخانىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭغا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقىمۇ مۇجەسسەملەنگەن. بۇ يەردە، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارغا، خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن! شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىغا، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق كادىرلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن! شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، مەدەت بېرىۋاتقان بارلىق دوستلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتۇقكى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ھېلىھەم بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە: ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايماقتا، يۇقۇمنىڭ تەسىرى ۋە تاشقى مۇھىتتا كۆپلىگەن ئېنىقسىزلىقلار ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئاساسى يەنىلا پۇختا ئەمەس، بىر قىسىم ئوتتۇرا ھال، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى قىيىن بولماقتا؛ كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە زىددىيەت گەۋدىلىك بولماقتا، ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىلا ئەلالاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئۇلىمىز تېخى پۇختا ئەمەس، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ۋەزىپىمىز مۇشكۈل؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ۋەزىپىمىز مۇشكۈل. ھۆكۈمەت خىزمىتىدە يەنىلا يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت: بەزى جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىر تۇتاش پىلانلىشى جايىدا ئەمەس، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، قابىلىيىتى كۈچلۈك ئەمەس، ئىستىلى پۇختا ئەمەس؛ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ، «بىرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» دا توسالغۇ مەۋجۇت، بەزى تارماق، ئورۇنلارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس؛ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ھېلىھەم ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بىز چوقۇم خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى تۇتۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان جاسارەت، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە ئارقىلىق، بەجاندىللىق بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز!

## 2. 14 - بەش يىل مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەر

14 - بەش يىل مەزگىلى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل، شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم قويىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر قاتار پۇرسەت ۋە ئەۋزەللىككىمۇ ئىگە: بىرىنچىدىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مەركەزنىڭ 3 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ قوللانما بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)